يېڭى باشلىنىش يېڭى مۇساپە

# ئۇل ئەسلىھەلەر ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

### ئۇل ئەسلىھەلەردىكى كەمتۈكلۈكلەر تولۇقلاندى تەرەققىيات تىرىكى يەنىمۇ كۈچەيتىلدى

2019 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا، خوتەن ـ قەشقەر يۇقىرى سۈرئەتلىك يولىدا قاتناش باشلاندى. گۇما ناھىيەسىنىڭ چودا يېزىسى ئاياغ چودا كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى سۇلايمان مەخمۇتنىڭ ئىشلىرى بۇنىڭ بىلەن يۈرۈشۈپ كەتتى. ئۇ كەنتتىكى ئون نەچچە ئادەمنى تەشكىللەپ، قوي ـ كالا سېتىۋېلىپ گۇما ناھىيە بازىرى ھەمدە تېخىمۇ يىراقتىكى خوتەن شەھىرى، قاغىلىق ناھىيەسى قاتارلىق جايلارغا بېرىپ سودا قىلدى، كىرىمى ئەسلىدىكىدىن نەچچە ھەسسە كۆپەيدى.

خوتەن ـ قەشقەر يۇقىرى سۈرئەتلىك يولىدا قاتناش باشلىنىپ، خوتەن ۋىلايىتىدىن سىرتقا يۇقىرى سۈرئەتلىك يول تۇتاشماسلىق تارىخىغا خاتىمە بېرىلدى، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستتا تۇنجى قېتىم يۇقىرى سۈرئەتلىك يول تۇتاشتۇرۇش ئىشقا ئاشۇرۇلۇپ، پۈتۈن شىنجاڭدىكى بارلىق ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەر يۇقىرى سۈرئەتلىك يول دەۋرىگە قەدەم قويدى.

«13 ـ بەش يىل» مەزگىلىدە، شىنجاڭ سۇچىلىق ئۇل ئەسلىھەلىرىدىكى كەمتۈكلۈكلەرنى تولۇقلاشنى تېزلەتتى، يەكەن دەرياسى، چەرچەن دەرياسى قاتارلىق نۇقتىلىق دەريا ـ ئېقىنلاردا تىزگىنلەش خاراكتېرلىك سۇچىلىق تۈگۈنى قۇرۇلۇشلىرىنى قۇردى، قارابەل سۇچىلىق تۈگۈنى، جىيىن سۇ ئامبىرى قاتارلىق چوڭ، ئوتتۇرا تىپتىكى سۇچىلىق قۇرۇلۇشلىرىنى ئارقا ـ ئارقىدىن يولغا قويدى. نۇقتىلىق دەريا ـ ئېقىنلاردىكى خەتەرلىك ئىش ئورنى، خەتەرلىك بۆلەكلەرنى تۈزەش ۋە ئوتتۇرا، كىچىك دەريا ـ ئېقىنلارنى تۈزەش قۇرۇلۇشى تېزلىتىلدى، بىر تۈركۈم چوڭ، ئوتتۇرا تىپتىكى خەتەرلىك توما ۋە سۇ ئامبارلىرىنىڭ خەتىرىنى تۈگىتىش ـ پۇختىلاش قۇرۇلۇشلىرى پۈتۈپ، سۇ ئامبارلىرىنىڭ كەلكۈن مەزگىلىدىن ئۆتۈش ئىقتىدارى ئۈنۈملۈك كۈچەيتىلدى.

زامانىۋى كۆمۈر ئېلېكتىر، كۆمۈر خىمىيە سانائىتى، شامال ئېلېكتىر، قۇياش ئېنېرگىيەسىدىن پايدىلىنىپ توك چىقىرىش، «شىنجاڭنىڭ توكىنى سىرتقا يەتكۈزۈش» «غەربنىڭ گازىنى شەرققە يەتكۈزۈش» قاتارلىق بىر تۈركۈم مۇھىم، زور قۇرۇلۇشلار ئىلگىرى ـ كېيىن پۈتۈپ، شىنجاڭنىڭ ئېنېرگىيە بىلەن تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىش ئىقتىدارى كۆرۈنەرلىك ئۆستۈرۈلدى.

4G تورى شەھەر، يېزىلارنى قاپلىدى، 5G قۇرۇلۇشى مۇقىم قەدەمدە ئالغا سىلجىتىلدى، ئەڭ يىراقتىكى چارۋىچىلىق مەيدانلىرىدىكى دېھقان ـ چارۋىچىلارمۇ سىن ئارقىلىق دۇنيادىكى خەۋەرلەر بىلەن ئالاقىلىشەلەيدىغان بولدى... بۈگۈنكى شىنجاڭدا ئەڭ چەتتىكى يېزا ـ كەنتلەرمۇ ئۇچۇر يېگانە ئارىلىق ھالەتنى بۇزۇپ تاشلاپ، تەرەققىيات چوڭ دولقۇنىغا قوشۇلدى.

### ئۈنۈملۈك مەبلەغ سېلىشتا تۈرتكە بولۇندى كۈچلۈك ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ قوشۇلدى

ئىشقا كىرىشتۈرۈلگىنىگە بىر يىل توشقاندا، شىنجاڭنىڭ 50 مىليارد كىلوۋات سائەتتىن ئارتۇق توكى ئىچكىرى رايونلارغا يەتكۈزۈلدى!

بۇ يىل 9 ـ ئايدا، دۆلەت ئېلېكتىر تورى شىنجاڭ ئېلېكتىر ئېنېرگىيە چەكلىك شىركىتىدىن خۇش خەۋەر تارقالدى، شەرقىي جۇڭغار ــ ئەنخۇي ۋەننەن ±1100 كىلوۋولتلۇق ئالاھىدە يۇقىرى بېسىملىق تۇراقلىق توك يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشى ئىشقا كىرىشتۈرۈلگەندىن بۇيان، ھەر كۈنى يەتكۈزۈشكە بولىدىغان ئېلېكتىر ئېنېرگىيەسى 192 مىليون كىلوۋات سائەت بولدى، بۇ، 60 مىڭ توننا ئۆلچەملىك كۆمۈر كۆيدۈرگەنگە باراۋەر. شەرقىي جۇڭغار ــ ۋەننەن تۇراقلىق توك يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشىنىڭ ئىشقا كىرىشتۈرۈلۈشى شىنجاڭنىڭ ئوت ئېلېكتىر، شامال ئېلېكتىر ۋە قۇياش ئېنېرگىيەسىدىن پايدىلىنىپ توك چىقىرىشنى بىرلەشتۈرۈپ سىرتقا يەتكۈزۈشكە ئومۇميۈزلۈك تۈرتكە بولۇپ، شىنجاڭنىڭ بايلىق ئەۋزەللىكىنى ئىقتىسادىي ئەۋزەللىككە ئايلاندۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئېنېرگىيە تەقسىملەشنى تېخىمۇ ئەلالاشتۇرۇپ، يېڭى ئېنېرگىيەنى ئىشلىتىشنى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈردى.

نۇقتىلىق تۈر قۇرۇلۇشلىرى ھەم ھازىرقى مۇقىم ئاشۇرۇشقا پايدىلىق، ھەم يىراق كەلگۈسى ھەرىكەت ئېنېرگىيەسىنى كۈچەيتىشكە پايدىلىق.

ئېلېكتىر تورى قۇرۇلۇشىنى مىسالغا ئالساق، سانلىق مەلۇماتلاردا كۆرسىتىلىشچە، «13 ـ بەش يىل» مەزگىلىدە، شىنجاڭنىڭ ئېلېكتىر تورىغا جەمئىي 71 مىليارد 700 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان، شىنجاڭنىڭ يانداش ئېلېكتىر مەنبەسىگە تۈرتكە بولۇشقا 216 مىليارد يۈەن مەبلەغ سېلىنغان، شىنجاڭ ئېلېكتىر كەسپىگە 287 مىليارد 700 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان، بۇ، شىنجاڭدىكى كۆلەمدىن يۇقىرى سانائەتنىڭ قوشۇلما قىممىتىدىكى نىسبىتىدە 12.4%نى ئىگىلەپ، شۇ جاينىڭ ئىقتىسادىنىڭ ئېشىشىغا تۆھپە قوشۇش نىسبىتى 4.56%كە يەتكەن.

«تۈرنى تۇتقانلىق مۇقىم ئاشۇرغانلىق، پۇرسەتنى تۇتقانلىق، كەلگۈسىنى پىلانلىغانلىق.» ئاپتونوم رايونلۇق تەرەققىيات ۋە ئىسلاھات كومىتېتى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى، مۇئاۋىن مۇدىر لى رېن مۇنداق دېدى: ئۈنۈملۈك مەبلەغ سېلىش مۇقىم ئاشۇرۇش، كەمتۈكلۈكنى تولۇقلاش، قۇرۇلمىنى تەڭشەش جەھەتتە ئاچقۇچلۇق رول ئوينىماقتا. ئۈنۈملۈك مەبلەغ سېلىشنى مۇۋاپىق كېڭەيتىشتە، نۇقتىلىق تۈر قۇرۇلۇشلىرىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك. نۇقتىلىق تۈر قۇرۇلۇشلىرى مەبلەغ سېلىشقا تۈرتكە بولۇش، ئېشىشنى مۇقىملاشتۇرۇشتىكى «مۇھىم تۇتقا» بولۇش سۈپىتى بىلەن، پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ مەبلەغ سېلىش قۇرۇلۇشىغا نىسبەتەن يېتەكلەش، ئۈلگە كۆرسىتىش رولىغا، پۈتۈن ئاپتونوم رايون ئىقتىسادىنىڭ ئېشىشىغا نىسبەتەن ئىنتايىن مۇھىم تۈرتكىلىك رولغا ئىگە بولۇپ، ئىقتىسادىنىڭ تەكشى، مۇقىم، ساغلام تەرەققىي قىلىشىنىڭ سىجىل ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى. خەلق تۇرمۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش قاتارلىق ساھەلەردىكى مۇھىم، زور تۈر قۇرۇلۇشلىرىنى كۈچەيتىش جەمئىيەتنىڭ ئىناقلىقى، مۇقىملىقىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە پايدىلىق بولۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش ۋە ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتىكى كەمتۈكلۈكلەرنى تولۇقلايدۇ.

بۇ يىل، شىنجاڭ جەمئىي 390 نۇقتىلىق تۈرنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغى يادرولۇق رايونى قۇرۇلۇشى، يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش ۋە ساياھەت ئارقىلىق شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈشتىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ ئىستراتېگىيەنى مۇھىم نۇقتا قىلدى، ئاساسلىقى سۇچىلىق، قاتناش، ئېنېرگىيە، كەسىپ، خەلق تۇرمۇشى ساھەسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ئومۇمىي سېلىنما 1 تىرىليون 678 مىليارد 800 مىليون يۈەن بولۇپ، 260 مىليارد يۈەندىن كۆپرەك سېلىنمىنى تاماملاش پىلانلاندى.

زور جاسارەت، زور پىلان، زور تەرەققىيات. بۈگۈنكى تۈر سېلىنمىسى ئەتىكى ئۈنۈم ھاسىلاتى، شۇنداقلا كەلگۈسىدىكى ئىقتىسادنىڭ ئېشىش نۇقتىسى بولۇپ، شىنجاڭ ئىقتىسادىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە ئۇزاق مۇددەتلىك ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ قوشىدۇ.

### ئاچقۇچلۇق ھالقىلار نىشانلاندى خەلق تۇرمۇشى بەخت ـ سائادىتى ئاشۇرۇلدى

غىياسىدىن ئۆمەرنىڭ گۈزەل بىر كۈنى تەبىئىي گاز ئىشلىتىشتىن باشلاندى.

تاماق ئېتىش، يۇيۇنۇش، ئىسسىنىش، ئاپتوموبىل يېقىلغۇسى... ھەممىسىدە تەبىئىي گازغا تايىنىدۇ. قەشقەر شەھىرىدە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن بۇ شەھەر ئاھالىسى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى تەبىئىي گاز ئارقىلىق خەلققە مەنپەئەت يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشىدىن نەپكە ئېرىشكەن 4 مىليون 300 مىڭ كىشىنىڭ بىرى.

«13 ـ بەش يىل» مەزگىلىدە، جەنۇبىي شىنجاڭدا تەبىئىي گاز ئارقىلىق خەلققە مەنپەئەت يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشى تۇرۇبا لىنىيەسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى، پونكىت مەيدانى كىلاپان بۆلۈمى، سىرتنى گاز بىلەن تەمىنلەش نۇقتىسى ئۈزلۈكسىز كۆپىيىپ، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىنىڭ ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىشى، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىشىنى كۈچلۈك كاپالەت بىلەن تەمىنلەپ، لىنىيە بويىدىكى پۇقرالارنى «ئىس ـ تۈتەكسىز ئوتۇن» ئېلىپ كەلگەن ئىللىق تۇرمۇشتىن بەھرىمەن قىلدى.

بۇ، ئۈمىدكە تولغان بەش يىل ــ

«شىنجاڭدىكى سەنشيا قۇرۇلۇشى» دەپ ئاتالغان يەكەن دەرياسى ئاراتاش سۇچىلىق تۈگۈنى قۇرۇلۇشىدا چۈشۈرگە چۈشۈرۈلۈپ سۇ ساقلىنىپ، يەكەن دەرياسى ئېقىن رايونىدىكى مىڭ يىللىق سۇ ئاپىتى «بويسۇندۇرۇلدى»؛

«ئولتۇرالايدىغان بولۇش»تىن «ياخشى ئولتۇرىدىغان بولۇش»قىچە، يېزىلارنىڭ ئەمىن ئۆي قۇرۇلۇشى كۆرگىلى بولىدىغان، تۇتقىلى بولىدىغان خەلق رايى قۇرۇلۇشى، خەلق تۇرمۇشىغا نەپ يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشى، خەلقنىڭ ئامانلىقنى ئىلگىرى سۈرۈش قۇرۇلۇشىغا ئايلاندى؛

سۇ ئىچىش قىيىن بولۇشتىن ئىچىدىغان سۇ بولۇشقىچە، سۇ ئېلىش، سۇ توشۇشتىن، تۇرۇبا سۈيىنىڭ يەتكۈزۈلۈشىگىچە... يېزىلاردىكى ئىچىدىغان سۇ بىخەتەرلىكى قۇرۇلۇشى ھەر مىللەت ئاممىنى بىخەتەر سۇ، بەخت سۈيى ئىچىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى؛

ئىلگىرىكى كۆمۈر قالاپ ئىسسىنىش تەدرىجىي ھالدا توك بىلەن ئىسسىنىشقا ئۆزگەردى، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستتا كۆمۈرنىڭ ئورنىغا توك ئىشلىتىش قۇرۇلۇشىدىن ئاممىنىڭ جىسمى ئىللىدى، قەلبى ئىللىدى...

مىقدار جۇغلاشتىن سۈپەتكە قاراپ ھالقىشقىچە؛ نۇقتىدا بۆسۈش ھاسىل قىلىشتىن سىستېمىلىق ئىقتىدارنى ئۆستۈرۈشكىچە، كۈنسېرى مۇكەممەللىشىۋاتقان ئۇل ئەسلىھەلەر خەلق تۇرمۇشى بەخت ـ سائادىتىنى ئۈزلۈكسىز ئاشۇردى.

چوڭ داۋالاش، سەھىيە مۇلازىمىتى سىستېمىسىنىڭ تاكامۇللىشىشى، مائارىپ ئۇل ئەسلىھەلىرىنىڭ دەرىجىسىنىڭ ئۆسۈشىدىن، كىچىكى بىر تال ئوپتىك تالا، بىر ئېلېكتىر تورىنىڭ ياتقۇزۇلۇشىغىچە، خەلق تۇرمۇشى ئۇل ئەسلىھەلىرى قاپلانغانلىكى جايدا، شۇ جايدىكى پۇقرالارنىڭ تۇرمۇشى «يورۇتۇلۇپ»، بەختكە ئېرىشىش ئىشەنچى تېخىمۇ ئاشتى.

ئۇل ئەسلىھە قۇرۇلۇشلىرى تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئۈمىدكە تىرەك بولدى.

چوڭ تۈرلەر ئارقىلىق زور تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇندى، زور تەرەققىيات ئارقىلىق زور خەلق تۇرمۇشىغا نەپ يەتكۈزۈلدى، مەبلەغ سېلىش مىقدارى زور، پەن ـ تېخنىكا تەركىبى يۇقىرى، تۈرتكە بولۇش ئىقتىدارى كۈچلۈك بولغان ھەربىر نۇقتىلىق تۈر شىنجاڭنىڭ يېڭى، كونا ھەرىكەت ئېنېرگىيەسىنىڭ ئالمىشىشىنى تېزلەتتىدىغان، ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولىدىغان ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ مەنبەسىگە ئايلانماقتا، شۇنداقلا شىنجاڭنىڭ «14 ـ بەش يىل»دىكى تەرەققىياتىغا پۇختا ئاساس سالدى.

# كاللىغا، قەلبكە سىڭدۈرۈشكە تۈرتكە بولۇش ئەمەلىيلەشتۈرۈپ يىلتىز تارتقۇزۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش

ــ ئاپتونوم رايونلۇق لېكسىيە ئۆمىكى ھەرقايسى جايلارغا بېرىپ، پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىدىن لېكسىيە سۆزلىدى

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز

ئۇدا نەچچە كۈندىن بۇيان، پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش بويىچە ئاپتونوم رايونلۇق لېكسىيە ئۆمىكىنىڭ ئەزالىرى ئورگانلارغا كىرىپ، ئاساسىي قاتلامغا بېرىپ، كەڭ پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلار، ئاممىغا پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى چوڭقۇر شەرھلىدى، ئاساسىي قاتلامدىكى كادىرلار، ئامما بىلەن يۈزتۇرا، چوڭقۇر سۆھبەتلىشىپ، پىكىر ئالماشتۇرۇپ، ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى كاللىغا، قەلبكە سىڭدۈرۈش، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ يىلتىز تارتقۇزۇشقا پۇختا تۈرتكە بولدى.

11 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئاپتونوم رايونلۇق لېكسىيە ئۆمىكىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى تەتقىقات ئىشخانىسى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى، مۇئاۋىن مۇدىر ما جيەنخۇا بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىدا لېكسىيە دوكلاتى بەردى. ما جيەنخۇا باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 ـ ئومۇمىي يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ۋە ئومۇمىي يىغىنىدا قاراپ چىقىلىپ ماقۇللانغان «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ خەلق ئىگىلىكى ۋە جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ 14 ـ بەش يىللىق يىرىك پىلانى ۋە 2035 ـ يىلغىچە بولغان كەلگۈسى نىشانىنى تۈزۈش توغرىسىدىكى تەكلىپى»نى زىچ چۆرىدەپ، پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئىلمىي، سىستېمىلىق، چوڭقۇر، چۈشىنىشلىك قىلىپ شەرھلىدى، چۈشەندۈردى.

«ئومۇمىي يىغىندا يېشىل تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇپ، ئادەم بىلەن تەبىئەتنىڭ ئىناق بىللە ئۆتۈشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئوتتۇرىغا قويۇلدى». بايىنغولىن ئوبلاستلىق ئېكولوگىيەلىك مۇھىت ئىدارىسىنىڭ ئىدارە باشلىقى ئويۇت مۇنداق بىلدۈردى: پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، شى جىنپىڭ ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىپ، يۆنىلىشنى ئۆزگەرتمەسلىك، سالماقنى ئاجىزلاشتۇرۇۋەتمەسلىكتە چىڭ تۇرۇپ، خەلقنىڭ گۈزەل تۇرمۇشقا بولغان ئىنتىلىشىنى مەڭگۈ كۈرەش نىشانى قىلىپ، كۆك ئاسمان، سۈزۈك سۇ، پاكىز تۇپراقنى قوغداش جېڭىنى بوشاشماي ياخشى قىلىپ، ئېكولوگىيەنى قوغداش قىزىل چېكىنى قەتئىي ساقلاپ، بايىنغولىن ئوبلاستىنىڭ ئېكولوگىيە بىخەتەرلىكىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن قوغدايمىز.

11 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق لېكسىيە ئۆمىكىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق تەرەققىيات ۋە ئىسلاھات كومىتېتى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، مۇئاۋىن مۇدىر ۋاڭ كۈيرەن ئاپتونوم رايونغا بىۋاسىتە قاراشلىق ئورگان، ئورۇنلاردىكى پارتىيەلىك كادىرلارغا پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىدىن لېكسىيە سۆزلىدى. ۋاڭ كۈيرەن باش تېمىنى چىڭ كۆزلەپ، دۆلىتىمىزنىڭ يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىغا قەدەم قويۇشىنىڭ مۇھىم، زور ئەھمىيىتى، پايدىلىق شارائىتى ۋە مۇھىم ئالاھىدىلىكىنى چوڭقۇر تونۇش، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش، ئومۇميۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇش يېڭى مۇساپىسىنى باشلاش قاتارلىق جەھەتلەرنى چۆرىدەپ، جانلىق مىساللار بىلەن، نەزەرىيەنى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ، ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى سىستېمىلىق چۈشەندۈردى.

لېكسىيەنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق قاتناش ـ ترانسپورت نازارىتى ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى كۆڭ لىڭجۇڭ مۇنداق بىلدۈردى: «ئومۇمىي يىغىن روھىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇشنى ھازىر ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىلدىكى مۇھىم، زور سىياسىي ۋەزىپە قىلىپ، 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئۆزلەشتۈرۈپ، پۇختا ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك».

ئۇ مۇنداق دېدى: قاتناش ـ ترانسپورت خىزمىتى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ، شىنجاڭنىڭ قاتناش ـ ترانسپورتىنىڭ «14 ـ بەش يىل»لىق تەرەققىيات يىرىك پىلانىنى پائال ياخشى پىلانلاپ، قاتناش كۈچلۈك دۆلەتنى شىنجاڭ سىناق نۇقتىسى قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىپ، قاتناش ـ ترانسپورتنى شىنجاڭنىڭ زامانىۋىلاشقان ئىقتىساد سىستېمىسى قۇرۇلۇشىنىڭ يېڭى موتورىغا ئايلاندۇرۇش كېرەك.

11 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق لېكسىيە ئۆمىكىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى مالىيە ـ ئىقتىساد كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى گاۋ جيەنلۇڭ تارباغاتاي ۋىلايىتىدە لېكسىيە دوكلاتى بېرىپ، تارباغاتاي ۋىلايىتىدىكى پارتىيەلىك كادىرلارنىڭ پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ چوڭقۇر ماھىيەتلىك مەزمۇنى ۋە نىشان تەلەپىنى توغرا ئىگىلەپ، ئومۇمىي يىغىنىنىڭ يادرولۇق مۇھىم مەزمۇنى ۋە روھىي ماھىيىتىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆزلەشتۈرۈشكە يېتەكچىلىك قىلدى. ئارقىدىن، ئۇ چۆچەك شەھىرىنىڭ ئەرگۈك بازىرى قارا دۆك كەنتىگە بېرىپ، شۇ جايدىكى كادىرلار، ئامما بىلەن يۈزتۇرا سۆھبەتلەشتى، لېكسىيە سۆزلىدى.

«لېكسىيە دوكلاتىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، مېنىڭ پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىغا بولغان چۈشەنچەم تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتى. ئاساسىي قاتلام كادىرى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، مەن ئومۇمىي يىغىننىڭ روھىنى ياخشى ئۆگىنىمەن، ياخشى تەشۋىق قىلىمەن، ياخشى ئىزچىللاشتۇرىمەن» دېدى قارادۆك كەنتىنىڭ كەنت كادىرى جياڭ يۈخۇي.

لېكسىيەلەرنىڭ تېمىسى ئېنىق، ماھىيەتلىك مەزمۇنى مول، مۇپەسسەل، چوڭقۇر بولۇپ، نەق مەيداندىكى ئاڭلىغۇچىلارنى كۆپ نەپكە ئېرىشتۈردى. كۆپچىلىك بەس ـ بەستە مۇنداق بىلدۈردى: ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇشنى ھازىرقى بىرىنچى دەرىجىلىك چوڭ ئىش دەپ بىلىپ، ئومۇمىي يىغىن روھىنى كاللىمىزغا، قەلبىمىزگە سىڭدۈرۈشكە تۈرتكە بولۇپ، ئومۇميۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇش يېڭى مۇساپىسىنى باشلاشنىڭ قۇدرەتلىك كۈچىنى مۇجەسسەملەپ، تېخىمۇ گۈزەل كەلگۈسىنى يارىتىمىز.

**(مۇخبىر رايىدە، قاتناشقان مۇخبىرلار سۇڭ ۋېيگو، جاڭ يەنفاڭ، بايىنغولىن ئوبلاستلىق مۇخبىرلار پونكىتىدىن ياڭ شياۋدۇڭ، تارباغاتاي مۇخبىرلار پونكىتىدىن ۋاڭ چۈنلىن)**

(بېشى 1 ـ بەتتە)

خوتەن ـ چاقىلىق تۆمۈريولىدىكى پۈتۈن لىنىيە بويىچە ئەڭ ئېگىز ئالاھىدە چوڭ كۆۋرۈككە لىم ياتقۇزۇش قۇرۇلۇشى ئوڭۇشلۇق تاماملانغان.

خوتەن ـ چاقىلىق تۆمۈريولىنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 825 كىلومېتىر بولۇپ، پۈتۈن لىنىيەدە جەمئىي 19 ئالاھىدە چوڭ كۆۋرۈك بار، بۇنىڭ ئىچىدە روكىيا ئالاھىدە چوڭ كۆۋرۈكىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 9.736 كىلومېتىر، كۆۋرۈك گۈندىسىنىڭ ئوتتۇرىچە ئېگىزلىكى 24 مېتىر، ئەڭ ئېگىز كۆۋرۈك گۈندىسىنىڭ ئېگىزلىكى 35 مېتىرغا يېتىدىغان بولۇپ، پۈتۈن لىنىيەدىكى ئەڭ ئېگىز ئالاھىدە چوڭ كۆۋرۈك ھېسابلىنىدۇ.

«بۇ جايدا كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ تېمپېراتۇرا پەرقى چوڭ، قۇم ـ بوران كۈچلۈك، قۇرۇلۇش قىلىش جەريانىدا، بىز گۈندىنىڭ ئېگىز، شامالنىڭ كۈچلۈك بولۇشىنىڭ قۇرۇلۇشقا كۆرسەتكەن پايدىسىز تەسىرىنى يېڭىپ، ئۈنۈملۈك قۇرۇلۇش مۇددىتىنى چىڭ تۇتۇپ، قۇرۇلۇش قىلىشنى ئىلمىي تەشكىللەپ، نىيە لىم ياساش زاۋۇتىدىن ئاپتوموبىل بىلەن توشۇش شەكلىنى قوللىنىپ، 594 پارچە T شەكىللىك لىم بىلەن تەمىنلەشنىڭ ئۈزۈلۈپ قالماسلىقىغا كاپالەتلىك قىلدۇق، 74 كۈن سەرپ قىلىپ، روكىيا ئالاھىدە چوڭ كۆۋرۈككە لىم ياتقۇزۇش ۋەزىپىسىنى قەرەلىدە تاماملىدۇق» دېدى جۇڭگو تۆمۈريولى 11 ـ ئىدارىسى گۇرۇھى چەكلىك شىركىتى خوتەن ـ چاقىلىق تۆمۈريولى تۈر بۆلۈمى قۇرۇلۇش بۆلۈمىنىڭ بۆلۈم باشلىقى لۇ لېي.

خوتەن ـ چاقىلىق تۆمۈريولى تارىم ئويمانلىقىنى ئايلىنىدىغان تۆمۈريول ئايلانما لىنىيەسىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئايلانمىسى، 2020 ـ يىلى 5 ـ ئايدا پۈتۈن لىنىيەگە رېلىس ياتقۇزۇلغاندىن بۇيان، نۆۋەتتە 230 كىلومېتىرلىق رېلىس ياتقۇزۇش تاماملاندى، مۆلچەرلىنىشچە، كېلەر يىلى 9 ـ ئاينىڭ ئاخىرىغىچە پۈتۈن لىنىيەگە رېلىس ياتقۇزۇش ۋەزىپىسى تاماملىنىدىكەن.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 ـ نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)